

روبېرت لاۋرېنس كۇئىن

# THE MAN WHO CHANGED CHINA

# ئۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى

## — جياڭ زېمىننىڭ تەرجىمھالى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى

## جياڭ زېمىننىڭ تەرجىمھالى

روبېرت لاۋرېنس كۇئىن [ئامېرىكا]

# THE MAN WHO CHANGED CHINA

ئابلەت نۇردۇن
ئەبەي ئىمىن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مۇھەممەتجان ھوشۇر
ئابدۇرېھىم مۇھەممەد
خاسىيەت ئابلەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

他改变了中国:江泽民传/〔美〕库恩著:阿布来提·努尔东译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.3
ISBN 7—228—09964—8

Ⅰ.他… Ⅱ.①库… ②阿… Ⅲ.江泽民(1926~)—传记—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K827—7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 028286 号

责任编辑:伊丽达娜·阿布都热依木
依明江·艾木都拉
古丽巴哈尔·艾海提
穆合塔尔·马木提
责任校对:赛娜瓦尔·伊布拉音
扎米拉·皮达依
封面设计:米尔扎提·阿布都拉·塔吉

**他改变了中国:江泽民传**(维吾尔文)
〔美国〕罗伯特·劳伦斯·库恩 著
艾白·依明等 译
阿布来提·努尔东 审订

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 27.375 印张 34 插页
2006 年 5 月第 1 版 2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7—228—09964—8 定价:52.00 元

بۇ كىتاب ئەسەر نەشر گۇرۇھى، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据世纪出版集团,上海译文出版社 2005 年 1 月第 1 版,2005 年 3 月第 5 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئىلدانە ئابدۇرېھىم
ئىمىنجان ھەمدۇللا
گۇلباھار ئەخەت
مۇختار مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: سەنەۋەر ئىبراھىم
زەمىرە پىدائى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ئۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى
## — جياڭ زېمىننىڭ تەرجىمىھالى

ئاپتورى: روبېرت لاۋرېنس كۇئىن (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبەي ئىمىن قاتارلىقلار

تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋقى: 27.375 قىستۇرما ۋارىقى: 34
2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—09964—8
باھاسى: 52.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

«ئۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى — جياڭ زېمىننىڭ تەرجىمىھالى» — ئامېرىكىلىق يازغۇچى روبېرت لاۋرېنس كۇئىننىڭ نادىر ئەسىرى.

كۇئىن — خەلقئارالىق مەبلەغ سالغۇچى بانكىر ۋە شىركەت ئىستراتېگىيىچىسى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئاممىۋى رادىئو شىركىتىنىڭ رىياسەتچىسى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگوغا، جياڭ زېمىنغا دىققەت قىلىپ كەلگەن ھەمدە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى خادىملارنى چوڭقۇر، ئىنچىكە زىيارەت قىلىپ، كۆپلىگەن 1-قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا مەزكۇر كىتابنى يېزىپ چىققان.

بۇ تەرجىمىھالدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ ھايات مۇساپىسى تونۇشتۇرۇلغان، بولۇپمۇ يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگونىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغان 10 نەچچە يىلدا ياراتقان تارىخىي تۆھپىسى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن. بۇ تەرجىمىھالدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت ئىشلىرى پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى، ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى، كىشىلىك ئەخلاق-پەزىلىتى قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار ھەر تەرەپلىمە، ھەرقايسى نۇقتىلاردىن بايان قىلىنىپ، تەرجىمىھال ئىگىسىنىڭ ئوبرازى نامايان قىلىنغان.

ئاپتور جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى، تارىخىنى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى خېلى ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇ كىتابتىن ئاپتورنىڭ جۇڭگوغا دوستانە ھېسسىياتى بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. غەربلىك ئەرباب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاپتورنىڭ بەزى مەسىلىلەردىكى نۇقتىئىنەزىرى ۋە كۆزقارىشى بىزنىڭكى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنى چۈشىنىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا توغرا قارايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بۇ كىتابنى ئوقۇساق ، يولداش جياڭ زېمىننى سىستېمىلىق چۈشىنىپلا قالماي ، يېقىنقى 80 يىلدا ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە ئالىمىز . ئاپتورنىڭ مەدىنىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن ، بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى بىلەن ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە نۇسخىسى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىدا بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىنىپ ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاپتور ، تەرجىمان ، سېلىشتۇرغۇچى ، بېكىتكۈچى قاتارلىق كىشىلەرگە چىن دىلىمىزدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمىز .

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز  جياڭ زېمىننىڭ كەچۈرمىشلىرى ········ 1

## بىرىنچى بۆلۈم  جياڭ زېمىننىڭ تەكتى
## 1926 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە

بىرىنچى باب  1926 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە

«مېنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشۈم دەل مېنىڭ ئائىلەم» ······ 25

ئىككىنچى باب  1943 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە

«مەن بىر ۋەتەنپەرۋەر» ································· 54

ئۈچىنچى باب  1947 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە

«مەن بىر ئىنژېنېر» ··································· 84

تۆتىنچى باب  1955 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە

«ئىختىساس ئىگىلىرىنى ياقتۇرىمەن» ················· 104

بەشىنچى باب  1962 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە

«مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇزغۇنچىلىق مەزگىلى» ······ 130

ئالتىنچى باب  1976 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە

«خىزمەت جەريانىدا ئۆگىنىش مېنىڭ ئادىتىم» ······ 153

يەتتىنچى باب  1985 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە

«ئاز سۆزلەپ ، كۆپ ئىشلەش» ························ 181

سەككىزىنچى باب  1986 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە

«مەن قانداقسىگە بىلمەيمەن» ························ 202

## ئىككىنچى بۆلۈم رەھبەرلىك ئورنى
## 1989 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە


**توققۇزىنچى باب 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە**

«ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشكە تەييارلىنىش» ............ 235

**ئونىنچى باب 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە**

«مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر
ھېس قىلدىم» ........................................ 258

**ئون بىرىنچى باب 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە**

«ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس» ........................... 278

**ئون ئىككىنچى باب 1990 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە**

«مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» .............. 301

**ئون ئۈچىنچى باب 1992 ـ يىلى**

«دادىل ئىزدىنىش» ۋە «ئىسلاھاتنى تېزلىتىش» ... 324

**ئون تۆتىنچى باب 1993 ـ يىلى**

«بىز پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىمىز-
نى ئىسپاتلايمىز» ................................. 352

**ئون بەشىنچى باب 1994 ـ يىلى**

«تاشقى دۇنيا جۇڭگونى ناھايىتى خاتا چۈشىنىدۇ»
372 ...............................................

**ئون ئالتىنچى باب 1995 ـ يىلى**

«مەنىۋى مەدەنىيلىك» ............................. 390

**ئون يەتتىنچى باب 1996 ـ يىلى**

«سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش» ...................... 412

## ئۈچىنچى بۆلۈم باش كۆتۈرۈپ چىقىش
## 1997 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە


ئون سەككىزىنچى باب 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە
«قانداق قىلغاندا ئۆلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ» ........................................ 437
ئون توققۇزىنچى باب 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە
«مېنىڭ قۇلىقىم يەنىلا كارغا كېلىدۇ» ............... 466
يىگىرمىنچى باب 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە
«جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ‹ئاتاكىغا ئۆتۈش› باسقۇچىغا كىردى» ........................................ 526
يىگىرمە بىرىنچى باب 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە
«مەن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى» ........................ 543
يىگىرمە ئىككىنچى باب 1999 ـ يىلى
«مەن ھەقىقەتەن قاتتىق ھەسرەت چەكتىم» ......... 565


## تۆتىنچى بۆلۈم كەلگۈسىگە نەزەر
## 2000 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلىغىچە


يىگىرمە ئۈچىنچى باب 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە
«ئالىملارنىڭ پەۋقۇلئاددە سەزگۈرلۈكى ۋە كەشپىيات روھىغا ھۆرمەت قىلىش» ........................ 603
يىگىرمە تۆتىنچى باب 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە
«ئۇ جۇڭگو جاسۇسىمۇ» ........................ 631

**يىگىرمە بەشىنچى باب 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە**
«مېنىڭ ھاياتىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» ........................ 660
**يىگىرمە ئالتىنچى باب 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە**
«دۇنيادىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ، ئالەمنىڭ سىرلىرى چەكسىز» ........................ 697
**يىگىرمە يەتتىنچى باب 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە**
« ‹ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش›نى ئۆگىنىش ۋە ‹ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش›نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش» ........................ 725
**يىگىرمە سەككىزىنچى باب 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە**
«ئالىيجانابلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ ، چىقىشىپ ئۆتىدۇ» ........................ 745
**يىگىرمە توققۇزىنچى باب 2002 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە**
«يولداشلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» ........................ 763
**ئوتتۇزىنچى باب 2003 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە**
«بىز جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق» ........................ 794
**ئاخىرقى سۆز جياڭ زېمىننىڭ تارىخي تۆھپىسى** ........................ 828

# كىرىش سۆز

## جياڭ زېمىننىڭ كەچۈرمىشلىرى

بەزىلەر جياڭ زېمىننى ماۋ زېدۇڭغا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر دۆلەت قۇرغۇچى ئاتىمۇ ئەمەس، دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش باتۇر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىمۇ ئەمەس؛ ماۋ زېدۇڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونى ئۆزگەرتتى، لېكىن جياڭ زېمىن ئۇنداق قىلمىدى؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ئامەتتىن بەھرىمەن بولۇشتىن باشقا، ئۇنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، دەيدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر پەقەت قىياستىنلا ئىبارەت، تۆۋەندىكىلەر ئەمەلىيەتتۇر.

2001 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بېيجىڭدا تۈن نىسپى بولغان، نيۇيوركتا بولسا دەل چۈش ۋاقتى ئىدى، تېخى بىرقانچە سائەت ئىلگىرىلا ئامېرىكا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ھۇجۇمغا ئۇچرىغانىدى، جياڭ زېمىن زۇڭتۇڭ جورجى بۇشقا جىددىي تېلېگرامما يوللىدى. ئۇ ئەڭ بۇرۇن تېلېگرامما يوللىغان دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

جياڭ زېمىن تېلېگراممىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزدىن، شۇنداقلا سىز ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن. شۇنىڭدەك قازا قىلغۇچىلارغا تەزىيە بىلدۈرىمەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى تېررورىزمنىڭ بارلىق زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى ئىزچىل ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.»

ئەتىسى ئاخشىمى، رەئىس جياڭ زېمىن زۇڭتۇڭ بۇش بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ، «كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ تېررورلۇق قىلمىش»نى كۈچلۈك ئەيىبلىدى ھەمدە «بىز ئامېرىكىغا زۆرۈر يار-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

دەم بېرىشنى ۋە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىششنى خالايمىز» دەپ كاپالەت بەردى . شۇ كۈنى ، نيۇيوركتىكى ب د ت باش ئورگىنىدا جۇڭگو خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى قوللاپ ئاۋاز بەردى . بېيجىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ، جۇڭگونىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سۆز قىلىپ : «تۇنۇگۈن يۈز بەرگەن تۈيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى دۇنيانى چۆچۈتتى ، گەرچە بۇ ۋەقە ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارا ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى . جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قوللىشى ئېنىق ۋە قەتئىي بولۇپ ، بۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تېررورىزمنى مەغلۇپ قىلىدىغان ئىتتىپاق قۇرۇشىغا ياردەم بەردى .

تۈيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، جۇڭگو تېررورلۇققا قارشى تۇرغۇچى 32 نەپەر مۇتەخەسسىسنى دەرھال ئامېرىكىغا ئەۋەتىپ ، ئامالىنىڭ بارىچە ئامېرىكىلىقلارنى ئاخباراتتىن تەڭ بەھرىمەن قىلدى . بۇ جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە ، ئامېرىكا قايتۇرما زەربە بېرىشنى پىلانلىغاندا ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرغۇچى خادىملىرى ئامېرىكا بىلەن قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇردى . «بازا» تەشكىلاتى ۋە تالىبان كاتتىۋاشلىرىنىڭ جۇڭگو ئارقىلىق قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، جياڭ زېمىن رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئافغانىستان ۋە ئۆزۈن يىللىق ئىتتىپاقدىشى پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان چېگرىسىنى تاقىدى . جۇڭگونىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق ۋە باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق توپ سىياسىتىنى ئويلاشقاندا ، يۇقىرىدىكى ئاكتىپ ھەرىكەت دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى .

10 ـ ئايدا شاڭخەيدە زۇڭتۇڭ بۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش بىرلەشمە يىغىنىدا رەئىس جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى : «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە تېررورچىلارغا زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە مەنپەئىتى بار .» 11 ـ ئايدا جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىغا ماڭغان بىر ئاۋىئاماتكىسىنىڭ

ئۆتەر يولدا شياڭگاڭدا توختىشىغا رۇخسەت قىلدى . شۈبھىسىزكى ،
بۇ قوللاش سىگنالى ئىدى .
جياڭ زېمىنىنىڭ 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن
كېيىنكى سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئويلايدىغان بولساق ، ئۇنىڭ قوللىشى
ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ . ئۇ كۈنى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ
B—2 تىپلىق شەكلىنى يوشۇرىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانى
مىسسۇرى شتاتىنىڭ ۋايتېمان ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن ئۇچقان پېتى
يۇگوسلاۋىيىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىپ ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىـ
لىق كونترول قىلىنىدىغان بەش بومبا تاشلىدى ، نەتىجىدە جۇڭگو
ئەلچىخانىسىنى پارتلاتتى ، جۇڭگولۇق ئۈچ مۇخبىر پارتلاشتا قازا
قىلدى . شۇنىڭ بىلەن غەزەپ ئوتى جۇڭگونىڭ چوڭ ـ كىچىك
كوچىلىرىدا ، شۇنىڭدەك ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدە
يامرىدى . جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى جۇڭگوـ
نى چەكلەش ھەم جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە گۈللىنىشىگە
توسقۇنلۇق قىلىش دەپ قارايتتى ، ئەمدى بۇنداق خىياللار ئامېرىـ
كىغا قارشى ئوت ئۇستىگە ماي چاچتى . مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان
جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىنى
ئورىۋېلىپ شوئار توۋلىدى ھەمدە ئەلچىخانىغا تاش ئاتتى ، جياڭ
زېمىنمۇ ئامېرىكىنىڭ «قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش قىلمىـ
شى»نى قاتتىق سۆكتى .
جياڭ زېمىن رۇسىيە زۇڭتۇڭى بورىس يېلتسىنغا مۇنداق
دېدى : «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتـ
تىپاقىنى بومباردىمان قىلىشى ئامېرىكىنىڭ ‹ئۇچىغا چىققان توپـ
چى پاراخوت سىياسىتى ›نىڭ مىسالى ، بۇ ھەرقايسى ئەل سىياسىـ
يونلىرىنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىشى كېرەك .» ئۇ يەنە مۇنداق
دېدى : «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىـ
لاتى بۇ ئىشتا بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ،
بولمىسا ، جۇڭگو خەلقى تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ .» ئەتىسى رۇـ
سىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ۋىكتور چېرنومېركىننى قوبۇل
قىلغاندا ، جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى : «جۇڭگو خەلقى نامايىش
قىلىش ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، بايانات ئېلان قىلىش ، سۆھبەت
يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچـ
لۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈردى . بۇ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنـ

پەرۋەرلىك قىزغىنلىقى، ئىرادىسى ۋە كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ.» ئۇ يەنە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى بىلەن: «ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بوزەك بولمايدۇ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتى نومۇستا قالمايدۇ، ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى مەڭگۈ غالىب!» دەپ جاكارلىدى.

ئەگەر جياڭ زېمىننىڭ قىسقىلا بەش ئاي ئالدىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئويلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدا ئېلېكترون سىگنالىنى يوشۇرۇن ئاڭلاۋاتقان ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ EP—3 «ھەمەل بۇرجى» ناملىق رازۋېدكا ئايروپىلانى جۇڭگونىڭ قىرغۇچى — 8 رېئاكتىپ كۈرەشچى ئايروپىلانى بىلەن سوقۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ئايروپىلانىنى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىغا چۈشۈرۈۋەتتى، ئايروپىلان پاچاقلاندى، ئادەممۇ ئۆلدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ زەخىملەنگەن ئايروپىلانى رۇخسەت ئالماي تۇرۇپلا جۇڭگونىڭ خەينەندىكى ئارىلىغا قوندى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزەپ - نەپرەتلىك سۆزلىرى جۇڭگونىڭ رادىئو، تېلېۋىزورلىرى، گېزىت - ژۇرناللىرى، چوڭ - كىچىك كوچىلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرىنى قاپلىدى. رەئىس جياڭ زېمىن يەنە بىر قېتىم ئۆز ئاغزى بىلەن جۇڭگونىڭ غەزىپىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا بۇ ئىشى ئۈچۈن جۇڭگو خەلقىدىن كەچۈرۈم سورىشى ھەمدە بۇ ئىش سەۋەبلىك پەيدا بولغان بارلىق ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.»

جياڭ زېمىننىڭ ئەلچىخانىنى پارتلىتىش ۋە ئايروپىلان سوقۇشۇش ۋەقەسىگە تۇتقان غەزەپلىك پوزىتسىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ھال سورىشى ۋە تەزىيە بىلدۈرۈشى بىر زور بۇرۇلۇشتەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. جياڭ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئېتىقادىنى بىلمەيدىغانلار ئۇنىڭ ئەلچىخانىنى پارتلىتىش ۋەقەسى ۋە ئايروپىلان سوقۇلۇش ۋەقەسىدە ئامېرىكىنى قاتتىق ئەيىبلىشىنى ئالدىن پىلانلاپ قويغان ۋە پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان، بەلكى مۇشۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئامېرىكىغا قارشى كەيپىـ

يات قوزغىماقچى ، دەپ قارىدى . شۇبھىسىزكى ، بۇ يەكۈن خاتا ، جۇڭگونى خاتا چۈشىنىشتىن شەكىللەنگەن ئاددىي ھۆكۈم .

جياڭ زېمىننىڭ خىيالىنى بىلىش ئۈچۈن ، جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ، يەنى جياڭ زېمىننىڭ تۇغۇلۇش ، ئۆسۈپ يېتىلىش ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىغا دىققەت قىلىش كېرەك . مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا پەيدا بولغان بىر يۈرۈش ئاساسىي تېمىلار ئىپادىلىندىكى ، جياڭ زېمىننىڭ ئەلچىخانىنى پارتلىتىش ، ھەربىي ئايروپىلان سوقۇلۇش ۋە «11 ـ سېنتەبىر »دىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم توغرىسىدىكى باياناتىنىڭ مەنبەسى پەلسەپە جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر ، جۇڭگونىڭ يىراق ئومۇمىي گەۋدە قارىشى ۋە ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن ئامېرىكىغا بولغان تونۇشى بىلەن بىردەك .

جياڭ زېمىن گەرچە ئۆزى دەپ كېلىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ «ئۆز بېشىمچىلىق »ىغا قارشى تۇرسىمۇ ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتىدىن ، ئامېرىكا خەلقىدىن ، شۇنىڭدەك ئامېرىكا خەلقىنىڭ غايىسىدىن زوقلىناتتى . كۆپلىگەن ئامېرىكىلىق جياڭ زېمىننى ئامېرىكىغا قارشى چىقتى دەپ تەنقىد قىلغاندا ، بەزى جۇڭگولۇقلار ئۇنى «ئامېرىكاپەرەس» دېيىشتى . جياڭ زېمىن ئامېرىكاپەرەس ئەمەس ، لېكىن ئۇ ئامېرىكىنى چۈشىنەتتى . ئالدى بىلەن ئۇ ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇق ، ئۇ 21 ـ ئەسىرنىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىدە ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

1989 ـ يىلى جۇڭگو جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ھەر خىل كرىزىسقا چوڭقۇر پېتىپ قالدى . پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت نەزىرى ئاستىدا زور بىر تۈركۈم ئېتىراز بىلدۈرگۈچى ئوقۇغۇچىلار جۇڭگونىڭ پايتەختى بېيجىڭنىڭ يۈرىكى — تيەنئەنمېن مەيدانىغا توپلاشتى . ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ ، ئالدى بىلەن ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چۈشۈردى ، ئارقىدىن قورال كۈچى ئىشلەتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى . بىر مەھەل قالايمىقانچىلىقتا بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىلىق ۋەزىپىسى بىر سابىق ئىنژېنېرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . بۇ ئادەم سەمىمىيلىكى ،

تەجرىبىلىكلىكى ، مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ، شۇنىڭدەك زىيالىي-لارغا خاس كۆپ خىل قىزىقىشى بىلەن نام چىقارغانىدى . پېشانە-سى كەڭ ، چېچى شالاڭلىشىشقا باشلىغان ، يوغان كۆزەينەك تاقى-غان ، جياڭ زېمىن ئىسىملىك بۇ ئېگىز بويلۇق كىشىنى ھەممە كىشى دېگۈدەك ، بۇ بىر «ئۆتكۈنچى شەخس» ، يېڭىدىن بىر قابىل كىشى چىققاندىن كېيىن ئۇ ئورۇن بوشىتىدۇ ، دەپ قارايتتى .

10 يىل ئۆتۈپ كەتتى ، جياڭ زېمىن ئورنىدا يەنىلا مەزمۇت ئولتۇردى ، ئورنىدا مەزمۇت ئولتۇرۇپلا قالماي ، يەنە تېخى مەركە-زىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىكى ۋە دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلاندى . ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچكە تولدى . ئۇ كۆپ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ سىياسەتنى يېڭىلاپ ، ئورتاق تونۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ ، پۈتۈن دۇنيانى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى ، چۈنكى ئۇ دۆلەتنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇردى . جياڭ زېمىننىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگودا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى ، لېكىن 1999 - يىلى 5 - ئايدا بۇ دۆلەت بىر مەيدان قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى ، ئۇ بولسىمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «پارتلىتىش» ۋەقەسى بولدى .

شۇ يىلى باھاردا ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قىسىملىرى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى س . مىلو-شېۋىچنى سېربلارنىڭ كوسوۋودىكى ئالبانلارغا قىلغان ھۇجۇمى-نى توختىتىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى . 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ B—2 بەلگىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانى 40 مىڭ قاداق بومبىنى ئېلىپ ، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپا-قىغا بىر قېتىملىق بومباردىمان قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغى-لى ئۇچتى . بىرقانچە پارتلىتىش نىشانى ئىچىدە سېربلارنىڭ ھەر-بىي تەمىنات پونكىتى بار ئىدى . مەزكۇر نىشاننىڭ كونكرېت ئورنى بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ ئىلغار باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى 1 مېتىر كېلىدىغان يەر شارى ئورۇن بەلگىلەش سۈنئىي ھەمراھى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغانىدى .

1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي

قىسىملىرى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا 9000 دانە بومبا ۋە باشقۇرۇ-
لىدىغان بومبا تاشلىدى ، بۇنىڭدىن يەتتىسىلا نىشانغا خاتا
تەگدى . 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، ئاشۇنداق بەش بومبا جۇڭگونىڭ
بېلگرادتا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا چۈشۈپ ، ئەلچىخانا بىناسىنى
پارتلىتىۋەتتى . ئۈچ مۇخبىر پارتلاشتا ئۆلدى ، 20 نەچچە ئادەم
يارىلاندى . شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بومبا نىشاندىن
قېيىپ كەتمىگەن ، بەلكى نىشان خاتا بولۇپ قالغان ، دەپ جاكارلى-
دى . شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باياناتچىسى ، شۇن-
چىۋالا چوڭ ، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئەلچىخانا بىناسىنى قان-
داق قىلىپ خاتا ھالدا ھەربىي تەمىنات پونكىتى دەپ قالدى ، دېگەن
مەسىلىدە ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن مەسىلىنى «خاتا ئاخبارات»
بېرىلگەن دېگەنگە يۈكلەپ ، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئە-
مەلدارى ئارمىيىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى خاتا ماتېرىيال بى-
لەن تەمىنلىگەن ياكى ئامېرىكا ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ دېگىنى-
دەك ، «كونا خەرىتە» سەۋەب بولغان ، دېدى .
ئەلچىخانا پارتلىتىلىپ بىر سائەت ئىچىدە جياڭ زېمىن دۆلەت-
نىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى يىغىپ جىددىي يىغىن ئاچتى . يىغىنغا
پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى تەشكىل قىلىدىغان
ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇۋاتقان سىياسىي بيۇرونىڭ يەتتە دائىمىي ھەي-
ئەت ئەزاسى قاتناشتى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ
باشلىقلىرى ، جۈملىدىن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ،
دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ۋە گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ
باشلىقلىرى قاتناشتى . ئۇلار تېزدىن ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك
ئىدى ، لېكىن ئىنكاس قايتۇرۇش ھەرقايسى تەڭپۇڭلۇقنى ئەتراپ-
لىق ئويلىششقا تېگىشلىك نازۇك ئىش ئىدى .
ئەينى ۋاقىتتىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مى-
نىستىرى ، كېيىن ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان ۋاڭ
گۇاڭيامۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى . ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى
نازۇك ، سەزگۈر مەسىلىلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «بىز بۇ
ۋەقەنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە زەربە
دولقۇنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوقۇم ئىنكاس
قايتۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق .»
ئەلچىخانىنى پارتلىتىش ۋەقەسى جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com